نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن

# دۇردانىلەر

(2)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ISBN 7-5371-4032-4
9 787537 140324 >

ISBN 7 - 5371 - 4032 - 4
C · 107(民文)定价: 5.00 元

## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن

# دۇردانىلەر

(2)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：米克丽·阿布都热合曼
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森
封面设计：阿里甫·夏
技术编辑：买买提艾力·里提甫

# 阿凡提笑话的人生智慧

（2）

（维吾尔文）

艾克拜尔. 吾拉木　整理

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　3.375 印张
2002 年 5 月第 1 版　2006 年 1 月第 2 次印刷
印数：5071—8070

ISBN7－5371－4032－4/C·107　定价：5.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرى ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاشاھ
تېخىرىداكتورى: مۇھەممەد ئەلى لىتىپ

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن دۇردانىلەر
## (2)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەكبەر غۇلام

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.375
2002 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 1 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN7—5371—4032—4/C · 107
سانى: 5071—8070
باھاسى: 5.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


راستلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ........................ 1
قورغاننى بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ ............ 2
مېيى يوق قۇيرۇق ...................................... 3
ھەميان ۋە ئالماس ئۈزۈك ............................ 4
ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق ............................ 5
ئاللانىڭ ئىرادىسى ................................... 6
ئەقىل ۋە ھوقۇق ..................................... 7
ئەمەلدارلار ........................................... 8
پارىغا كەلگەن قوينىڭ ئۈستىخىنى ................... 9
ئەپەندى — ئېشەكبېشى .............................. 10
قېنى ئال، ئېسىل بەقسەم تونۇم! ..................... 11
كىم ھاماقەت؟ ........................................ 12
شاپاقنى ئېشەك يەيدۇ ................................ 13
قانداق كەلسە شۇنداق ئۇرۇش ........................ 14
نەملىك ۋە نان ....................................... 15
ئۆزىڭىز تېپىڭ ....................................... 16
پەرمانغا بىنائەن .................................... 17
پۇل بىلەن سۇ ئوخشاش ............................... 18
باغاق ................................................ 19
ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس ............................ 20
سىزنى تەڭپۇڭ بولسۇن دەپ ........................... 21
جاھىل ئېشەك ........................................ 22
ئۆز ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ ............................ 23
قىياپەت ۋە ئەقىل .................................. 24

سىمىز بىلەن ئورۇقنىڭ سەۋەبى .................... 25
ئالىيلىرى گەپ قىلغاندا زەن قويۇپ ئاڭلاش
كېرەك .................................... 26
ئالىيلىرنى كۆرەلمەي قالمىسۇن دەپ .............. 27
خۇدا قارارىنى ئۆزگەرتىپتۇ .................... 28
باينىڭ جېنى بىر مىس يارماققا يارايدۇ ............ 29
تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزۇش .................... 30
قولايلىق بولۇش ئۈچۈن .................... 31
چۈشكۈرۈش .................................... 32
كۆزى تويماپتۇ .................................... 33
پۇل كېرەكمۇ ياكى كاللىمۇ .................... 34
بېشىنى ئېگىش .................................... 35
ئۆكۈزنىڭ دوستى .................................... 36
ئەكسىچە سىناپ بېقىڭ .................... 37
خوراز ۋە قوچقار سوقۇشتۇرۇش .................... 38
ساۋابلىق ئىش .................................... 39
خاپا بولماڭ .................................... 40
پىخسىقنىڭ كارامىتى .................................... 41
ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى .................... 42
ناتونۇش يىل، ئاي، كۈن .................................... 43
پەرىجەمنى مىڭگەشتۈرۈۋېلىڭ .................... 44
خورەك بىلەن ئۇيقۇنى ھەيدەۋاتىمەن .................... 45
راست گەپ ۋە يالغان گەپ .................... 46
خۇرجۇن يىتۇپ كەتتى .................................... 47
ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار .................... 48
ئوخشاش كۆزدە قاراش .................................... 49
يەردىن بىرگەز ئېگىزلىكتە .................... 50
سوئالغا يارىشا جاۋاب .................................... 51

www.uyghurkitap.com


كۆن بىلەن ئاي .......... 52

مەن ئۇغرىنى قوغلاۋاتىمەن .......... 53

ئۆيدە گۈش قالماپتۇ .......... 54

قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ .......... 55

كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ .......... 56

ئارتۇق يېرىنى ھەرىدىۋېتەي .......... 57

ئارقامدىكى ئادەمدىن سوراڭ .......... 58

بىرى كانىيىنى كۆيدۈرۈۋالغان چاغدا .......... 59

خىجىللىقىمدىن يەيمەن .......... 60

يوغان بېلىقتىن بىرنى تۇتۇۋالدىم .......... 61

شەھەرگە كىرىدىغان ۋاقتىم يوق .......... 62

قازانغا قىيالماسلىق .......... 63

يۈرىكىمدە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ .......... 64

بەرمەسىنىڭ باھانىسى .......... 65

سىز چىداپ تۇرالىسىڭىزلا .......... 66

خاتىرىسىنى يوقاتقان بىمار .......... 67

ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن .......... 68

چىرايلىق قىياپىتىڭىز .......... 69

نەدە خىزمەت بولسا شۇ يەرگە .......... 70

ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئويۇپ قويسام كۈلمەيسىز .......... 71

ئاۋۋال كۆزىڭىزنى داۋالايلى .......... 72

قەرز سۈيلىگەندە .......... 73

راست گەپنىڭ قىممىتى .......... 74

ئىتىم يادىمغا كېلىپ قالدى .......... 75

غەلىتە چۈش .......... 76

قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن .......... 77

غەيۋەت ـ شىكايەتتىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ؟ ... 78

تىلىمنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قويۇڭ .......... 79

ئادىل ئىشەك ........................ 80
تىلىمنى چىشىمغا باغلاپ قويدۇم.................. 81
ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا ................... 82
مەخپىيەتلىك........................................ 83
هۇرۇن ئەپەندى ............................... 84
ئەگەر ئوغرىلىق قىلمىساڭ ...................... 85
ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ............................ 86
مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن.......................... 87
جەننەتمۇ تايىنلىقكەن ........................... 88
ئادەم نېمىشقا ئەسنەيدۇ؟ ........................ 89
سۇغا غەرق بولىمىز.............................. 90
قايسى سازنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇقكەن؟ ................. 91
قېچىر خالىغان يەرگە ............................ 92
بىرلا نەرسە كەملىك قىلدى........................ 93
جەننەت بىلەن دوزاخ توشقۇچە..................... 94
ئىشەككە ئىشەك سۇيۇنچە........................... 95
قانداق ياتسا ئوبدان ئۇخلىغىلى بولىدۇ؟............. 96
ئەتىيازنى ئىلىپ قىلىڭ ........................... 97
ئۇخلاۋاتىمەن........................................ 98
ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭىز ..................... 99
ئۆيقۇم قاتتىق ........................... 100

www.uyghurkitap.com

# راستلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ

ئەپەندى ئۇن - گۈرۈچ سودىسى قىلىدىغان بىر سودىگەرنىڭ قېشىدا قاراپ تۇرسا، مەھەللىدىكى ئالدامچى، ھەم پىخسىق بىرەيلەن گۈرۈچ سېتىۋالغىلى كەپتۇ. ئۇ گۈرۈچنى ئېلىپ بولۇپ پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، گۈرۈچ سودىگىرى ئادىتى بويىچە ئۇنىڭدىن:

— پۇلنى تۆلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پىخسىق بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. بىراق سودىگەر يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي، قېشىدىكى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئۇ راستىنلا پۇلنى تۆلىدىمۇ؟

— ئۇنىڭ پۇل تۆلىگىنىنى كۆردۈم، بىراق بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# قورغاننى بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ

ئەپەندى ئوفىتسىر چاغلىرىدا، بىر قېتىم جەڭدىن يې-ڭىلىپ ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ غەزەپلەن-گەن ھالدا:

— ئەپەندى، سىز بۇ قېتىمقى جەڭدە ئىنتايىن چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزدىڭىز، سىز ئەسلىدە ئاۋۋال ماۋۇ شەھەرنى ئېلىشىڭىز، ئاندىن ماۋۇ رايوننى ئىگىلىشىڭىز، ئاندىن ماۋۇ قورغاننى ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدى، — دەپتۇ پادىشاھ بارمىقى بىلەن خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئەسلىدىلا تېرىكىپ تۇرغان ئەپەندى پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، بىراق جەڭ مەيدانىدا، قورغاننى بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدىكەن، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# مىيى يوق قۇيرۇق

بىر كۈنى، پادىشاھ ئەپەندىنى قەستەن ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ ئۈنىگغا:

— ئەپەندى، سىزگە نىمە كىرەك؟ قىنى دەڭ، مەن تەلىپىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

— خوپ، ئالىيلىرى، ماڭا سەمرىگەن قوينىڭ قۇيرۇقىدىن بىرئاز بەرسىڭىز بولدى، — دەپتۇ ئەپەندى.

پادىشاھ قەستەن ئەپەندىگە بىر ئاپئاق لوبۇ بىرىپتۇ، ئەپەندى لوبۇنى بىر چىشلەپلا توختىماستىن باش چايقاپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، نىمىشقا بىشىڭىزنى چايقاۋىرىسىز؟ ئەجەبا، «قوينىڭ قۇيرۇقى» نىڭ تەمى يوقمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى، مەن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە قوينىڭ قۇيرۇقىدىمۇ ماي قالماپتۇ! — دەپتۇ ئەپەندى.



# ھەميان ۋە ئالماس ئۈزۈك

بىر باي ھەميانىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ خەقلەرگە ئەگەر كىم ھەميانىنى تېپىۋېلىپ ئۈنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرسە، ھەمياندىكى يۈز تىللانىڭ يېرىمىنى شۇ ئادەمگە سۆيۈنچە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كەمبەغەل ھەمە-يانىنى تېپىۋېلىپ، بايغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئاچ كۆز باي تېپىلغان ھەميانىنى كۆرۈپ، ئىچىدىكى تىللانىڭ يېرىمىنى بېرىشكە كۆزى قىيماپتۇ. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپلا، ھەمياذ-دىكى بىر ئالماس ئۈزۈك يوق دەپ يالغاننى توقۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن قازى مەھكىمىسىگە بېرىپتۇ. قازىلىق قىلىۋاتقان ئەپەندى بايدىن سوراپتۇ:

— سىز ھەمياندا يۈز تىللادىن باشقا يەنە بىر ئالماس ئۈزۈكنىڭ بارلىقىغا يۈزدە يۈز ئىشەنچ قىلالامسىز؟

— شۇنداق، مەن ئاللانىڭ نامىدا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن، — دەپ قەسەم ئىچىپتۇ باي.

— خوش، ئۇنداق بولسا، — بۇ ھەمياندا پەقەت يۈز تىللالا بار ئىكەن، سىز ئېيتقان ئالماس ئۈزۈك يوق ئىكەن، شۇنىڭدىن ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇكى، بۇ ھەميان سىز يوقاتقان ھەميان ئەمەس، ئەمدى مەن بۇ ھەميانىنى ئېلىپ قېلىپ، ھەقىقىي ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن. سىز ئىچىدە ئالماس ئۈزۈك بار ھەميانىنى ئىزدەڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش
www.uyghurkitap.com

## ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق

بىر كۈنى، پادىشاھ ئەپەندىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇ-
نىڭغا:

— ئەپەندى، مەن سىزنى قازىلىققا تەيىنلىدىم، —
دەپتۇ.

— مېنى كەچۈرسىز، ئالىيلىرى، مەن بۇنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقالمايمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— ئالىيلىرى، مەن راست گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرى-
مەن، راست گەپ قىلىدىغان ئادەم قازى بولالمايدۇ. ئەگەر
مەن يالغان گەپ قىلسام، دىلىم بىلەن تىلىم بىردەك بولماي
قالىدۇ، ئۇنداق ئادەم قازىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن قەتئىي چى-
قالمايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئاللانىڭ ئىرادىسى

بىر كۇنى، ئەپەندى ئالدىراشچىلىقتا جۇۋىسىنى تەتۇر كىيىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— هەي، ئەپەندى، نېمىشقا جۇۋىڭىزنى تەتۇر كىيىۋالدىڭىز، تۇكلىرى تەتۇر ئۆرۇلۇپ كېتىپتىغۇ؟

ئەپەندى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ دىققەتسىزلىكتىن قىلغانلىقىنى بايقاپتۇ، لېكىن ئۇ چاندۇرماستىن:

— مەن ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە شۇنداق قىلدىم. ئەگەر جۇۋىنىڭ تۇكلىرى ئىچىدە بولغىنى ياخشى ئىش بولسا، ئاللا ئۇچارقۇش جانىۋارلارنى ياراتقان چېغىدىلا ئۇلارنىڭ تۇكىنى ئىچىگە قىلغان بولاتتى، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەقىل ۋە ھوقۇق

بىر كۈنى، ئەپەندى بىر باينىڭ بىر كەمبەغەلنى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ساراڭنى دوراپ يۈگۈرۈپ بېرىپ باينى بىر شاپىلاق ساپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ باي خاپا بولۇپ.

— مەن دېگەن ساراڭ، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

شۇنىڭ بىلەن، باي ئەپەندىنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن، سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. ئەپەندى پادىشاھنى كۆرۈپلا جىم بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ:

— ھە، سەن ساراڭ ئەمەسمىدىڭ؟ بىردەمدىلا ئوڭشىلىپ قاپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن باشقىلاردىن ئازراقمۇ قورقمايمەن، بىراق سىزنى كۆرسەملا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالىدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— چۈنكى سىز ئەقىل جەھەتتە مەندىن تۆۋەن، بىراق ھوقۇق جەھەتتە مەندىن ئۈستۈن تۇرىسىز ئەمەسمۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئەمەلدارلار

ئەپەندى بىر موللىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. ھېلىقى موللا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ، ئەپەندىگە بىر پىيالە چايمۇ قۇيماپتۇ.

قورساقلىرى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن ئەپەندى موللىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپلا سوراپتۇ:

— ھۆرمەتلىك موللام، ئۇ ئەمەلدارلار تاماق يەمدىكەن، يېمەمدىكەن؟



# پارىغا كەلگەن قوينىڭ ئۇستىخىنى

بىر كۈنى بىر مىشىكنىڭ كانىيىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قاپتۇ. قىلمىغان چارىسى، چاقىرمىغان تېۋىپى قالماپتۇ، پەقەتلا ئامال بولماپتۇ. مىشىكى ئۆلۈشكە ئاز قالغاندا، ئېسىگە ئەپەندى كېلىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لېكىن ئەپەندى بىر پارچە قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ بېرىپلا ئۆزى كەلمەپتۇ.

مىشىكى ئالمان ـ تالمان قەغەزنى ئېچىپ قاراپتىكەن، غەزەپلەنگىنىدىن بويۇنلىرى سوزۇلۇپتۇ ـ دە، ئۇستىخان كانىيىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپتىكەن، قىزىرىپ كەتكەن چىرايىمۇ ئەسلىگە كەپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇشۇپ، قەغەزگە قانداق دۇئا يېزىلغانلىقىنى دېيىشىپتۇ. ئەسلىدە ئەپەندى «پارىغا كەلگەن قوينىڭ ئۇستىخىنى» دەپ يازغانىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئەپەندى — ئېشەكبېشى

پادىشاھ ئەپەندىنى مەسخىرە قىلىش مەقسىتىدە، ئۇنى ئوردىغا چاقىرىپ، بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ئالدىدا:

— مەن بۈگۈندىن ئېتىۋارەن نەسىردىن ئەپەندىنى ئېشەكبېشىلىق مەنسىپىگە تەيىنلىدىم، — دەپ جاكارلاپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشىپتۇ. ئەپەندى ئىككىلەنمەي ئۇتتۇر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭقۇر تەزىم قىپتۇ، ئاندىن پادىشاھنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— ئەپەندى، سىز مېنىڭدىن يۇقىرى ئولتۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭىز؟ — دەپتۇ.

— يۇقىرالىرىم، تىنچلىنىڭلار، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ھازىردىن باشلاپ مەن ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇمنى ئادا قىلماقچىمەن. يۇقىرالىرىم، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى دەريا بويىغا سەيلىگە ئاپىرىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# قېنى ئال، ئېسىل بەقەسەم تونۇم!

بىر پۇلدار ئادەم ئۆيىگە بىرقانچە باي ۋە مەنسەپدار ئادەملەرنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. ئەپەندى زىياپەتكە ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كى- يىپلا بېرىپتۇ. سۆلەت قوغلىشىدىغان بۇ بايلار ئەپەندىنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئورۇن بەرمەپتۇ ۋە تاماققىمۇ تەكلىپ قىلماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، بېشىغا يېپيېڭى سەللە، ئۇچىسىغا ئېسىل بەقەسەم تونىنى كىيىپ، قايتىدىن زىياپەتكە بېرىپتۇ. ئەپەن- دى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا سورۇندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇ- رۇشۇپ، ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنى تۆرگە باشلاپ، ئەڭ ئېسىل نازۇ- نېمەتلەرنى ئالدىغا قويۇپتۇ.

بىراق، ئەپەندى ئۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تېگىپمۇ قويماپ- تۇ، ئەكسىچە ئېسىل بەقەسەم توننىڭ يېڭىنى ئۇستەلگە يېقىن ئەكىلىپ، ئۆز- ئۆزىگە:

«قېنى ئال، ئېسىل بەقەسەم تونۇم!» دەپتۇ.



# كىم ھاماقەت؟

ئەپەندى پېشىن نامىزىغا كىرگەندە ئېشىكىنىمۇ مەس-چىتكە ئەكىرىپ، بوسۇغىغا باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىمام ئاچچىقلىنىپ:

— ئەپەندى، ئېشەكنى مەسچىتكە ئەكىرىشىڭ ئۆزى بىر ھاماقەتلىك، بىلمەمسىز؟ — دەپتۇ.

ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەزرىتىم، زادى كىم ھاماقەت؟ سىز بىر تەڭگىگە يارىمايدىغان كالىچىڭىزنى مېھرابقا ئەكىرىۋالسىڭىز ھاماقەت-لىك بولماي، مەن بەش تەڭگىگە يارايدىغان ئېشىكىمنى ئى-شىك ئالدىغا باغلاپ قويسام ھاماقەتلىك بولامدۇ؟ — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# شاپاقنى ئېشەك يەيدۇ

بىر باي ئەپەندىنى مازاق قىلماقچى بولۇپ، ئەپەندى بىلەن بىرقانچە ئاغىنىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئالدىغا قوغۇن تىلىپ قويۇپتۇ.

باي بىلەن ئاغىنىلىرى يەپ بولغان قوغۇننىڭ شاپاقلىرىنى چاندۇرماي ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىۋېرىپتۇ ھەمدە:

— ئەپەندى، قارىغاندا قوغۇننىڭ ھەممىسىنى سىزلا يېگەن ئوخشىمامسىز؟ قارىڭا ئالدىڭىزدىكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن قوغۇن شاپىقىغا، — دەپتۇ.

— شاپاق دېگەننى ئېشەك يەيدىغان، ھەرقايسىلىرى شاپاقنىمۇ قوشۇپ يەۋەتكەن ئوخشىمامىلا؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# قانداق كەلسە شۇنداق ئۇرۇش

ئەپەندى پالتا كۆتۈرۈپ شاڭيۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، شاڭيۇنىڭ ئىتى تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ، ئەپەندىگە ئېسىلىپتۇ. ئەپەندى پالتا بىلەن ئىتنىڭ بېشىغا بىرنى ساپتۇ، ئىت شۇ زامان ئۆلۈپتۇ.

شاڭيۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ غەزەپ بىلەن:

— ئەپەندى، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ پالتىنىڭ بېشى بىلەن ئۇرغۇچە سېپى بىلەن ئۇرسىڭىز بولماسمىدى؟ — دەپتۇ.

— شاڭيۇ بېگىم، سىزنىڭ ئىتىڭىز ماڭا بېشى بىلەن ئېتىلىپ كەلدى، شۇڭا پالتىنىڭ بېشى بىلەن ئۇردۇم. ئەگەر ئىتىڭىز قۇيرۇقى بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بولسىدى، مەن پالتىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرغان بولاتتىم، قانداق ئېتىلىپ كەلسە، شۇنداق ئۇرىمەن - دە! — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە مەنبەسى

# نەملىك ۋە نان

ئەپەندى بىر كۈن مۇشەققەتلىك يول يۈرۈپ، بىر پىخسىق ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. پىخسىق ئاغىنىسى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە سوغۇق سۇنى قويۇپ:

— ئەپەندى، سىز ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلدىڭىز، چوقۇم ئۇسساپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، قېنى سۇ ئىچىڭ، ئۇسسۇزلۇقىڭىزنى باسىدۇ، — دەپتۇ.

— ئاداش، مەن يولدا ھېرىپ كېتىپ بىر كۆل بويىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، پۈتۈن بەدىنىم نەم تارتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەڭ ياخشىسى ماڭا بىر نان بەرسىڭىز، شۇ نەملىكنى سۈمۈرۈۋالسۇن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئۆزىڭىز تېپىڭ

بىر باي باغداتقا بارماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر ئاچا يولغا كېلىپ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرسا، ئەپەندى ئېشىكىگە مىنىپ كېلىپ قاپتۇ.

— هەي ئەپەندى، باغداتقا قايسى يولدىن ماڭىدۇ؟ — دەپتۇ باي.

— هوي، سىز مېنىڭ ئەپەندى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

باي ئەپەندىنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:

— مەن سىزنىڭ ئەپەندى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپلا قال-ماستىن، بەلكى سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنىمۇ بىلە-مەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا دەپ بېقىڭە، مەن هازىر نېمە ئويلاۋا-تىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— هازىر قورساقلىرىڭىز ئېچىپ كوركىراپ كەتتى، بولسا مەززىلىك توخۇ كاۋىپى يېيىشنى ئويلاۋاتىسىز شۇنداق-مۇ؟ — دەپتۇ باي.



— ئىنتايىن توغرا دېدىڭىز، — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا ئېشىكىگە مىنگەچ باي-غا، — ئۇنداق بولغاندى-كەن باغداتقا بارىدىغان يولنىمۇ ئۆزىڭىز تېپە-ۋېلىڭ! — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# پەرمانغا بىنائەن

ئەپەندى ئوردىدا مۇلازىملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندى، پەملىكرەك بولسىڭىز بولمامدۇ. مەن بىر ئىشقا بۇيرۇسام، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قېلىپ، ئەپەندىنى تېۋىپ چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەندى تېۋىپ چاقىرىش بىلەن بىرگە، كېپەنلىك ماتا، تاۋۇت ئېلىپ، ئىمامنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— سىزنى تېۋىپقا بۇيرۇسام، بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پەرمانلىرى بويىچە، پادىشاھئالەم، — دەپتۇ ئەپەندى، — ھەزرەتلىرى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كېلىشنى تاپىلىغانىدىلە، شۇنىڭغا بىنائەن، ئاغرىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ پۈتتۈرۈپ كەلدىم.



# پۇل بىلەن سۇ ئوخشاش

بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، بۇ دۇنيادا نېمىشقا بەزىلەر باي، بەزىلەر كەمبەغەل بولىدۇ؟

— بايلىق، پۇل خۇددى سۇغا ئوخشاش بولىدۇ. سۇ دېگەن پەس - ئويمان جايلارغا يىغىلىپ قالىدۇ، كەمبەغەللەر خۇددى ئېگىز تاغلارغا ئوخشاش يۇكسەك ئېسىل ئەخلاقنى ئىگە، بايلار بولسا پەس، ئويمانلىق جايلاردىكى پاتقاق - لايلارغا ئوخشاش پەس كېلىدۇ، شۇڭا پۇلمۇ خۇددى سۇغا ئوخشاش، ئېگىز تاغلاردىن ئويمانلىققا ئاقىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرلىرى

# باغاق

ئەپەندىنىڭ قوشنىسىنىڭ ئوغلى توي قىلماقچى بولۇپ، ئەپەندىدىن باغاق تارقىتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەپەندى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ھەمدە شەھەردىكى بىر بايغا باغاق ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى مەمەدان ھاكاۋۇر باي ئەپەندىنى كۆرۈپ ئۇنى مازاق قىلماقچى بولۇپ:

— ئەپەندى، باغاق تارقىتىدىغانغا سىزدىن باشقا ياخشىراق بىرەرى تېپىلمىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەندىن ياخشىراقلىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار ياخشى ئادەملەرگە باغاق تارقاتقىلى كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس

ئەپەندى بازاردا ئوقەت قىلىپ ئولتۇرسا، بىر بەگ كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سودىڭىز قانداقراق؟

— بەگ ئاتا، سودام يامانمۇ ئەمەس، ياخشىمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، بۇ قانداق گەپ؟

— بەگ ئاتا، ئەگەر ياخشى ئەمەس دېسەم، سىز باج يىغىدىغان چاغدا خاپا بولۇپ قالىسىز؛ ئەگەر ياخشى دېسەم ئۆيگە بارغاندا خوتۇنۇم خاپا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# سىزنى تەڭپۇڭ بولسۇن دەپ

بىر قازى دەۋانى سوراۋېتىپ، ھەدېسە پارا بەرگەن جاۋابكار تەرەپكە يان باسقۇدەك، بۇنىڭغا چىدىمىغان ئەپەندى بىر تال تاش تېپىپ كېلىپ قازىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئەپەندى؟ — دەپتۇ قازى تېرىكىپ.

— قارىسام سىز ھەدېسە بىر تەرەپكىلا يەڭدەپ كېتىۋاتىسىز، يىقىلىپ كېتىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ، سىزنى تەڭپۇڭ قىلىپ قويدۇم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# جاھىل ئېشەك

بىر يىگىت بىلەن ئەپەندى قودۇق بېشىدا كىم ئاۋۋال سۇ تارتىش توغرىسىدا تالىشىپ قاپتۇ.

— بالام، مەن بولسام قېرىپ قالدىم، سەن تېخى ياش، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگىن، مەن ئاۋۋال سۇ تارتىۋالاي، — دەپتۇ ئەپەندى.

— كىم سىزنى مۇشۇ ساقىلىڭىز بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ سۇ تارتسۇن دەپتىكەن، ئەجەبا ئۆيىڭىزدە بالىلىرىڭىز يوقمىدى؟ — دەپتۇ يىگىت كۆكەرمىلىك قىلىپ.

— ئۆيدىغۇ بالىلىرىم بار ئىدى، لېكىن مەن قودۇق بېشىدا بىر جاھىل ئېشەك تۇرۇۋاپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ساقىلىمنى سۆرەپ ئۆزۈم كەلگەنتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئۆز ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ

ئادەملەر كوچىدا توپلىشىپ بايىلا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن ھاكىم توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشقا باشلاپتۇ. بىرەيلەن ئۇنى ماختاپ:

— بىزنىڭ بۇ ھاكىمنىڭ پۇل - بايلىقىمۇ ھەددى - ھېسابسىز، ئۆزىمۇ ئەقىل - پاراسەتكە تولغان، — دەپتۇ.

— ئاغىنە، سەن بىلمەيدىكەنسەن، ئاللا ئەقىل - پاراسەتنى ھەممە ئادەمگە تەڭ بەرگەنىكەن، بىراق بىزنىڭ بۇ ھاكىمىمىز باشقىلارنىڭلا ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمىگەچكە، كاللىسى ئەقىلگە تولۇپ كەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# قىياپەت ۋە ئەقىل

ئەپەندىنىڭ ئېشىكى ئىنتايىن كۆرۈمسىز ئىكەن. بىر كۈنى، بىر باي چىرايلىق بىر ئاتقا مىنىۋېلىپ ئەپەندىنى مازاق قىپتۇ:

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىز نېمىدېگەن سەت، قارىغاندا، خۇدا بارلىق جانىۋارلارغا قىياپەت ئاتا قىلغاندا، ئېشىكىڭىز يولدا پەرىشتىگە ئۇچراپ قېلىپ ئۈلگۈرەلمەي قاپتىكەن-دە؟

— يوقسۇ، تەقسىر، ئۇ كۈنى خۇدا ئادەملەرگە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىۋاتقانىدى، ئېشىكىم مەن بىلەن بىللە ئەقىل ئالغىلى كېتىپ قالغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# سېمىز بىلەن ئورۇقنىڭ سەۋەبى

ئەپەندى ئىنتايىن ئورۇق ئىكەن. بىر كۈنى سېمىز پادىشاھ ئەپەندىنى مازاق قىلىپ:

— ئەپەندى، سىز نېمانچىۋالا ئورۇق؟ قارىغاندا خوتۇنىڭىز سىزگە تاماق بەرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— يوقسۇ، جانابىي ئالىيلىرى، مېنىڭ يېمەكچى بولغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قورسىقىڭىزغا كىرىپ كەتكەن تۇرسا، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئالىيلىرى گەپ قىلغاندا زەن قويۇپ ئاڭلاش كېرەك

ئەپەندى پادىشاھ ئوردىسىغا قالۇن چېلىپ بەرگىلى كى-
رىپتۇ. سازچىلار سازنى باشلىۋەتكەن بولسىمۇ، پادىشاھ
يەنىلا قېشىدىكى ۋەزىرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋې-
رىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندى ساز چېلىشتىن توختىۋاپتۇ.
پادىشاھ بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ:

— ئەپەندى، نېمىشقا ساز چالمايسىز؟ — دەپ سوراپ-
تۇ.

ئەپەندى ئاستا مىدىرلاپ قويۇپ:

— ئالىيلىرى گەپ قىلغاندا، بىز زەن سېلىپ ئاڭلى-
شىمىز كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# ئالىيلىرىنى كۆرەلمەي قالمىسۇن دەپ

بىر كۇنى پادىشاھ پەرمان چۇشۇرۇپ ئەپەندىنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ. ئوردىدىكى بارلىق كىشىلەر پادىشاھقا ئىگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۇرۇپتۇ، پەقەت ئەپەندىلا تەزىم قىلماستىن، تىك تۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ:

— ئەپەندى، سىز نىمىشقا ماڭا سالام قىلمايسىز؟ — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى، مېنى ئۆزلىرى چاقىرتىپلا، ئەگەر مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئىگىلىپ تۇرۇۋالسام، ئالىيلىرىنى كۆرەلمەي قالمىسۇن دەيمىنا، — دەپتۇ ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خۇدا قارارىنى ئۆزگەرتىپتۇ

بىر ئىمام ئەپەندىدىن پايدىلانماقچى بولۇپ، سەھەردىلا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

— ئەپەندى، سىز تەقۋادار مۇسۇلمانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا ياخشى، مەن ئاللانىڭ پەرمانى بىلەن كەلدىم، تۈنۈگۈن كەچ چۈشۈمدە خۇدايىم ماڭا سىزنىڭ ئۆيدىڭىزدىن بىر هارۋا بۇغداي ئەكېلىشكە بۇيرۇدى، — دەپتۇ ئىمام.

ئەپەندى بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز دۇرۇس، بىراق خۇدايىم سىزگە بۇيرۇپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي قارارىنى ئۆزگەرتىپتۇ، كېيىنكى يېرىم كېچىدە چۈشۈمدە ماڭا خۇدايىم سىزگە ئۇ بىر هارۋا بۇغداينى بەرمەسلىكىمنى تاپىلىدى. سىز مەندىنمۇ ئۆتە تەقۋادار مۇسۇلمان، شۇنداققۇ؟



## باينىڭ جېنى بىر مىس يارماققا يارايدۇ

بىر باي كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋار-قىراپتۇ. كۆل بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتقان بىر بېلىقچى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئاچىقىپتۇ.

باي بىر مىس يارماقنى چىقىرىپ بېلىقچىغا:

— جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭىزغا رەھمەت! — دەپ سۇنۇپتۇ.

بېلىقچى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن كېتىپ قاپتۇ. ئەتراپقا ئولاشقان خەقلەر نارازى بولغان هالدا:

— نېمىدېگەن چۈپەي نەرسە ئۇ، ئاران بىر مىس يارماق بەرگىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېيىشىپتۇ.

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— باي بېگىم ئۆزىنىڭ جېنىنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغان-لىقىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىكەن، — دەپتۇ.



# تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزۇش

پادىشاھنىڭ بىر قېتىملىق زىياپىتىدە، بىر قىسىم باي ۋە ئەمەلدارلار ئەپەندىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە قايىل بولماي، پادىشاھتىن ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ قولىغا بىر پىششىق تۇخۇمنى ئېلىپ، — ئەپەندى، سىز بۇ تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزۇپ بېقىڭە.

— جانابىي ئالىيلىرى، مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، ئاۋۋال كۆپچىلىك بۇ تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزۇپ باقسۇن، ئەگەر تىك تۇرغۇزالىسا مەن يېڭىلگىنىمگە تەن بېرىمەن، ئەگەر تىك تۇرغۇزالمىسا، ئاندىن مەن سىناپ باقاي، — دەپتۇ ئەپەندى.

ھېلىقى باي ۋە ئەمەلدارلار تۇخۇمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تىك تۇرغۇزالماي نائىلاج ئەپەندىنى تىك تۇرغۇزۇپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئەپەندى تۇخۇمنى جوزىغا پاققىدە قىلىپ بىرنى ئۇرۇپلا تىك تۇرغۇزۇپتۇ. بىراق باي ۋە ئەمەلدارلار بۇنىڭغا قايىل بولماي بىزمۇ قىلالايمىز دېيىشىپتۇ.



— ئەگەر سىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئەقلىڭلار يەتكەن بولسىدى، ئەلۋەتتە قىلالايتتىڭلار، — دەپتۇ ئەپەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككە ئادرېسى

# قولايلىق بولۇش ئۈچۈن

ئەپەندى تامچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىر پىخسىق باي ئۇنى ئۆي سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىراق پىخسىق باي ئەپەندىگە ئۈچ ۋاخ قاتتىق - قۇرۇق نان بېرىپ، بىرەر ۋاخمۇ ئوبدانراق تاماق بەرمەپتۇ. بۇنىڭغا قورسىقى كۆپكەن ئەپەندى ئاشخانىنى سالغاندا، قەستەن مېھمانخانا ئۆيدەك چوڭ قىلىپ سېلىپتۇ. مېھمانخانىنى بولسا، ھەم كىچىك، ھەم تار قىلىپ سېلىپتۇ.

باي نارازىلىق بىلەن:

— ئەپەندى، سىز مېھمانخانا ئۆي بىلەن ئاشخانا ئۆينىڭ ھەجىمىنى ئالماشتۇرۇپ سېلىپسىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باي ئاتا، سىزنىڭ بۇرۇنقى ئاشخانا ئۆيىڭىز بەك كىچىك ئىكەنتۇق. ئاشخانا ئۆي دېگەن كۈندە ئىشلىتىلىدۇ، مېھمانخانا ئۆي بولسا مېھمان كەلگەندىلا لازىم قىلىنىدۇ. قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق سالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# چۇشكۇرۇش

پادىشاھ ئەپەندىنى ئىنتايىن ئەقىللىق دەپ ئاڭلاپ، ئوردىغا چاقىرتىپ مەسلىھەتچى قىلماقچى بوپتۇ. پادىشاھ چاقىرتقان كۈنى، ئەپەندى چوڭ قەدەم تاشلاپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، قەستەن بىر چۇشكۇرۇپتىكەن، تۇكۇرۇكلىرى پادىشاھنىڭ يۇزىگە چاچراپ كېتىپتۇ.

— ھۇ تومپاي سەھرالىق! نېمانداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— جانابىي ئالىيلىرى، خاتا چۇشىنىپ قالمىسىلا، — دەپ چۇشەندۇرۇپتۇ ئەپەندى، — بىزنىڭ يۇرتتا مۇنداق بىر ئۆزگىچە ئادەت بار، چوڭ ئەمەلدارلارنى كۆرگەندە، چۇشكۇرۇش ئارقىلىق سالام بېرىمىز، بۇ ئۆزلىرىگە «ياخشىلىق تىلىگەنلىك.

بۇنى راست دەپ چۇشەنگەن پادىشاھنىڭ خاپىلىقى خۇشاللىققا ئايلىنىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆزى تويماپتۇ

بىر كۈنى، بىر باي قازا قىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كاماردەك ئېچىلىپ قاپتۇ. ئىمام نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى ئوقۇسىمۇ، ئۆلۈكنىڭ كۆزى زادىلا يۇمۇلماپتۇ. ئامالسىز قالغان ئىمام ئەپەندىنى چاقىرتىپ كەپتۇ.

— تېزدىن بىر تاۋاق قوي گۆشى ئەكېلىڭلار، باي بېگىم تويغۇچە يەۋالسا، كۆزى ئاندىن يۇمۇلىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.

— بۇ قانداق گەپ، ئۆلۈك ئادەم قانداقمۇ گۆش يېيەلىسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— كونىلاردا «ئاچ كۆزنىڭ قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويماپتۇ» دېگەن گەپ بار، سىلەر قاراپ بېقىڭلار، باي بېگىمنىڭ كۆزى يۇمۇلماپتۇ، دېمەك، ئۇنىڭ كۆزى تويمىغان گەپ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# پۇل كېرەكمۇ ياكى كاللىمۇ

بىر كۈنى، پادىشاھ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىزگە پۇل كېرەكمۇ ياكى كاللىمۇ؟

— ئىككىلىسى كېرەك! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— بولمايدۇ، سىز چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداقتا مەن كاللىنى تاللىسام بولغۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندى.

— نېمىشقا، سىزنىڭ پۇلىڭىز كۆپمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— پۇل ماڭا ئەقىل ئاتا قىلمايدۇ، بىراق كاللا بولسا ماڭا ئەقىل ئاتا قىلىدۇ، ئەقىل بولسا پۇلنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر دەرىسى

# بېشىنى ئېگىش

ئەپەندى ھەرقېتىم پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە پادىشاھقا ئېگىلىپ سالام بەرمەيدىكەن. پادىشاھ ئەپەندىنى ئېگىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئوردا ئىشىكىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بىر تاختاينى قاققۇزۇپتۇ.

پادىشاھ كۆڭلىدە ئەمدىغۇ ئەپەندى ئوردىغا ئېگىلىپ كىرەر، دەپ ئويلاپ ئەپەندىنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. ئەپەندى ئوردا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ قاپتۇ ـ دە، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بېشىنى ئەگكىنىچە، ئوردىغا كەينىچىلەپ مېڭىپ كىرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئەپەندىگە تېخىمۇ قايىل بوپتۇ.



# ئۆكۇزنىڭ دوستى

ئەپەندى بىرقانچە دوستلىرى بىلەن دەريا بويىدا كېتى-ۋاتسا، يىراقتىن بىر ئۆكۇزنىڭ «مۆ... مۆ... مۆ...» دەپ مۆرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ئاغىنىلىرى ئەپەندىنى مازاق قىلىپ:

— ئەپەندى، دوستىڭىز سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، بېرىپ ئاڭلاپ بېقىڭا، سىزگە بىرەر گېپى بار ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئۆكۇزنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، بىرئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا:

— ئۆكۇز مېنى نېمىشقا بىر توپ ئېشەكلەر بىلەن بىللە ماڭىسەن دەپ ئەيىبلەپ كەتتى، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەكسىچە سىناپ بېقىڭ

لوڭقا ياسايدىغان بىر ئادەم ئەپەندىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھال ئېيتىپتۇ:

— ئەپەندى، مەن پەقەت چۈشىنەلمىدىم، بۇ لوڭقىنى ياساش ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقتىمنى سەرپ قىلسام، ئۇنى سېتىش ئۈچۈن بىر يىل ۋاقتىم كېتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەپەندى ئەستايىدىللىق بىلەن:

— ئەكسىچە سىناپ بېقىڭ، بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر لوڭقىنى ياساپ چىقىڭىز، ئۇنى چوقۇم بىر كۈندىلا ساتالايسىز، — دەپتۇ.



# خوراز ۋە قوچقار سوقۇشتۇرۇش

تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشكە ئامراق بىر ئادەم، بىر چوڭ خورازنى ئەكېلىپ ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى خوراز سوقۇشتۇرۇپ ئوينىغان كۆڭۈللۈك-مۇ ياكى قوچقار سوقۇشتۇرۇپ ئوينىغان كۆڭۈللۈكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەيلى خوراز سوقۇشتۇرۇش بولسۇن، ياكى قوچقار سوقۇشتۇرۇش بولسۇن، پەقەت ئادەملەر ئارىسىغا زىددىيەت تېرىپ، ئادەم سوقۇشتۇرمىسىلا، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى كۆڭۈللۈك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ساۋابلىق ئىش

بىر زالىم پادىشاھ ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، سىز ئىنتايىن ئەقىللىق، مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، سىز ماڭا بىر يول كۆرسەتكەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى، — دەپتۇ ئەپەندى، — سىز ساۋابلىق ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، بۇنىڭ پەقەت بىرلا ئامالى بار، ئۇ بولسىمۇ، كېچە - كۈندۈز كۆزىڭىزنى ئاچماي ئۇخلاڭ.

— ئۇيقۇنىڭ نېمە سەۋەبى بولسۇن؟ — دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— زالىم پادىشاھ بولغىنىدىن بولمىغىنى ساۋاب، جىنايەت ئۆتكۈزگىنىدىن ئۇخلىغىنى ساۋاب، — دەپتۇ ئەپەندى.



# خاپا بولماڭ

ئەپەندى قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. قوشنىسى قىزغىنلىق بىلەن ئەپەندىنى بىر پىيالە چاي ئىچىپ چىقىشقا تۇتۇۋاپتۇ.

قوشنىسى ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپتۇ، ئەپەندى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ئەمدى ئىچەي دېيىشىگە، چاي بەك قىزىق بولغانلىقتىن، پىيالە قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كېتىپتۇ.

قوشنىسى خاپا بولغان هالدا ئەپەندىگە قاراپتىكەن، ئەپەندى قوشنىسىغا:

— خاپا بولماڭ، ئەگەر سىز مېنى چاي ئىچىپ چىقىڭ دەپ تۇتۇۋالمىغان بولسىڭىز، بۇ ئىشمۇ يۈز بەرمەيتتى، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# پىخسىقنىڭ كارامىتى

ئىنتايىن پىخسىق بىر ئادەم ئەپەندىنى كۆرسىلا:

— ئاداش، سىز پەقەت بىزنىڭ ئۆيگە بارمايسىز، بىر پىيالە چاي ئىچىپ، بىرەر ۋاخ تاماق يېگەچ مۇڭداشساق بولمامدۇ، — دەيدىكەن.

بىر كۈنى، ئەپەندى بۇ پىخسىقنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرەي دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. پىخسىق ئەپەندىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئايالىغا:

— ئەپەندى بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، سەن دەرھال چىقىپ ئۇنىڭغا مېنى ئۆيدە يوق دەپ قوي، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئىشىك چېكىشىگە پىخسىقنىڭ ئايالى چىقىپ:

— بەك سەت ئىش بولدى، سىز ئۆيىمىزگە ئاران بىر كەلگىنىڭىزدە، بالىلارنىڭ دادىسى ئۆيدە يوق بولۇپ قالدى! — دەپتۇ.

— ۋوي، شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا بوپتۇ، سىز ئېرىڭىزغا دەپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقسا، كاللىسىنى دېرىزىدە قويۇپ چىقمىسۇن، — ئەپەندى شۇنداق دەپلا كېتىپ قاپتۇ.



# ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى

قوشنىسى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئىمام دائىم ۋەز - نەسىھەت قىلغاندا ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ گېپىنى تولا قىلىدۇ، ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىك؟

ئەپەندى قوشنىسى تۇرغان يەرگە بەلگىدىن بىرنى قو-يۇپ، يېزىنىڭ باش تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا قاراپ مېڭىپ-تۇ.

— ھەي ئەپەندى، نەگە بارىسىز؟ سىز تېخى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ قوشنىسى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئەپەندىگە.

— سىز جايىڭىزدا مىدىرلىماي مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەپ كېلىپ، ئاندىن سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# ناتونۇش يىل، ئاي، كۈن

ئەپەندى باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ كوچىدا كېتىۋاتسا، بىرەيلەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— مەن بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى، بۇ يەردىكى ھەممە ئىش ماڭا يات. مەن بۇ يەرنىڭ يىل، ئاي، كۈنلىرى بىلەن تونۇشمايمەن، قانداقمۇ سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# پەرىجەمنى مىنگەشتۈرۈۋېلىڭ

ئەپەندى بازار كۆنى ئېشىكىنى سېتىپ ياياق كېتىپ بارسا، بازاردىن ئاتلىق قايتقان ئىمامنى ئۇچرىتىپتۇ.

— تەقسىر، مەن ياياق قالدىم، پەرەنجەمنى ئېتىڭىزنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋالسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ ئەپەندى.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئىمام، — نەگىچە مىنگەشتۈرۈۋالىمەن؟

— بىزنىڭ يېزىغىچە.

— يېزىغا بارغاندا پەرەنجىڭىزنى كىمگە بېرىمەن؟

— ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە بېرىسىز ـ دە.

ئىمام ھەيران بولۇپ:

— سىز بارغۇچە ساقلاپ تۇرىمەنمۇ؟

— ياق، تەقسىر، پەرىجەمنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم بولغاندىكىن ئۆزۈمگىلا تاشلاپ كېتىسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# خورەك بىلەن ئۇيقۇنى ھەيدەۋاتىمەن

ئەپەندى بىر توپ ئادەملەر بىلەن بىللە موللامىنىڭ ۋەزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇيقۇغا كېتىپ، خورەك تارتقىلى باشلاپتۇ. ئەپەندىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن ئۇنى نوقۇپ:

— ئەپەندى، سىز خورەك تارتىپ ئۇخلىغىلى تۇردىڭىزغۇ؟ بۇ موللامغا بولغان بىھۆرمەتلىك، — دەپتۇ.

— مەن ئۇخلىمىدىم، خورەك بىلەن ئۇيقۇنى قاچۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورىدىكى ئادرېسى

# راست گەپ ۋە يالغان گەپ

بىر كۈنى بىر توپ ئادەملەر ئەپەندىنى ئورىۋېلىپ ئۇ-نىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، راستىڭىزنى دەپ بېقىڭە، سىز زادى يال-غان گەپ قىلامسىز؟

— بەزىدە قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— قانداق ۋاقىتتا، — دەپ سوراپتۇ ئۇلار.

— راست گەپنى يالغان گەپ بىلەن پەردازلاشقا توغرا كەلگەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# خۇرجۇن يىتتۇپ كەتتى

ئەپەندى بازاردا خۇرجۇننى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆيگە قايتقاندا خوتۇنىنىڭ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، يالغاندىن بىر باھانە توقۇپتۇ:

— خوتۇن، بۈگۈن بازاردا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى دېگىنە، بازاردىكى خەقلەرنىڭ ھەممىسى خۇرجۇن يىتتۈرۈشتى.

— سىزچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— خەق يىتتۈرگەن يەردە مەن قاراپ تۇرامتىم؟ مەن ئەلۋەتتە بىرىنچى بولۇپ يىتتۈرىمەن - دە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ كۆرۈڭلار

ئەپەندى ئۆگزىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈۋېتىپ، ئېھتىيات-سىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ، كوچا تەرەپكە يىقىلىپ چۈ-شۈپتۇ. ئۇ قاتتىق يىقىلغاچقا، خېلىغىچە ئورنىدىن قوپالماپ-تۇ. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولى-شىپ:

— ئەپەندى، نېمە بولدىڭىز، قوپالمايۋاتىسىزغۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— ئەگەر مېنىڭ نېمە ئۈچۈن قوپالمايۋاتقانلىقىمنى بىلمەكچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئۆگزىدىن تاشلاپ بېقىڭ-لار، ئاندىن مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش ئېسىڭلەرگە كېلى-دۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئوخشاش كۆزدە قاراش

ئەپەندى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بىرقانچە ئاغىنىلىرىنىڭ زىياپىتىگە بارالماي قاپتۇ. ھېلىقى ئاغىنىلىرى ئەپەندىدىن ئاغرىنىپ:

— ئەپەندى، سىز دائىم ئادەملەرگە ئىككى خىل كۆزدە قارايدىكەنسىز، ئەسلىدە ئوخشاش كۆزدە قارىسىڭىز بولاتتى، — دېيىشىپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندى ئاشۇ ئاغىنىلىرى بىلەن بىر زىياپەتكە قاتناشماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوڭ كۆزىنى بىر لاتا بىلەن تېڭىپ زىياپەتكە كەپتۇ. ھېلىقى ئاغىنىلىرى بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئوڭ كۆزىڭىزگە نېمە بولدى، ئاغرىپ قالدىمۇ يا؟

— ياق، ئوخشاش كۆزدە قاراش ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.





www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە

بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، بۇ دۇنيادىكى جەننەت قەيەردە؟

— يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم يەنە.

— بىر كۈنى، مەن پىيادە نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، پۇتلىرىم ئىششىپ، ئاغرىپ كەتتى، كېيىن مەن ئېشەككە مىنىۋالدىم، شۇنىڭدىن كېيىن مەن جەننەتنىڭ بىر گەز ئېگىزلىكتىكى ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

# سوئالغا يارىشا جاۋاب

ئەپەندىنىڭ ئېشىكىنى بىرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. قوشنا - قولۇملار، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئەپەندىدىن هال سوراپ كەپتۇ. ئۇلارنى كۈتكەن چىقىم بىر ئېشەكنىڭ پۇلىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى، يەنە بىر ئەزمىسىنى ئېزىپ گەپ قىلىدىغان ئاغىنىسى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىزنى بىر ئادەم ئوغرىلاپ كەتتىمۇ ياكى بىرنەچچە ئادەم ئوغرىلاپ كەتتىمۇ؟ ئېشەك ئوغرىلىغان ئادەم ئېشىكىڭىزنى يېتىلەپ ئەكەتتىمۇ ياكى مىنىپمۇ؟ ئوغرىلانغان ئېشەك ئېشىكتىن چىققۇچە ئاۋۋال ئوڭ پۇتىنى ئاپتىمۇ ياكى سول پۇتىنىمۇ؟ ئېشىكىڭىز ئوغرى بىلەن مەجبۇرىي مېڭىپتىمۇ ياكى ئۆزى خالاپ مېڭىپتىمۇ؟

— ئېشىكىم يەنە بىر قېتىم ئوغرىلانغاندا، مەن سىزنى چاقىرىپ كېلەي، ئېشەك ئوغرىلاش جەريانىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋېلىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# كۈن بىلەن ئاي

بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، كۈن بەلەنمۇ، ئايمۇ؟

— ئاي بەلەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى كۈن دېگەن كۈندۈزى چىقىدۇ، ئاي بولسا قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# مەن ئوغرىنى قوغلاۋاتىمەن

بىر كۈنى، بازار ئىنتايىن قالايمىقان ھەم قىستا ــ قىستاڭ بولۇپ كەتكەچكە ئەپەندى كۆڭلىدىكى ماللارنى ئالال-ماپتۇ. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئېگىز بىر پەش-تاققا چىقىپ خەقلەرگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— خالايىق، سىلەر جاپاسى يوق بىلىم، ساختىسى يوق ھەقىقەت، ئەجىرسىز ھوسۇل، بەدەلسىز پايدىغا ئېرىشىشنى خالامسىلەر؟

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر توپ ئادەم گوررىدە ئولىشىپ تەڭلا:

— خالايمىز! خالايمىز! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

— ئۇنداقتا سىلەر مۇشۇ يەردە مېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە بېرىپ سىلەرگە ئەكىلىپ بېرەي، — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا ئالدىرىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

ئەپەندى بازارنى ئالدىرىماي ئايلىنىپ، ئۆزى خالىغان ماللارنى تاللاپ ئاپتۇ. ئاندىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئادەم-لەر يېنىدىن يۈگۈرگەن پېتى كېسىپ ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن بىرى ئۇنى توسۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— بىزگە ئەكېلىپ بېرىدىغان نەرسىڭىز قېنى؟

— بەك سەت ئىش بولدى، ئۇ نەرسىلەرنى ئوغرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، مەن ھازىر شۇ ئوغرىنى قوغلاۋا-تىمەن، — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا، يۈگۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ.

# ئۆيدە گۆش قالماپتۇ

بىر توپ ياش موللىلار ئەپەندىنى بىزنى مېھمان قىلدىسىز دەپ تۇتۇۋاپتۇ. ئەپەندى ئامالسىز ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇلارغا:

— سىلەر ئىشىك ئالدىدا سەل ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقاي، ئۆيدە گۆش بارمۇ، يوق، — دەپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن، ئەپەندى ئۆيىدىن يوغان بىر قازاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— كەچۈرۈڭلار، ئۆيدە ئازراقمۇ گۆش قالماپتۇ، ئەگەر گۆش بولغان بولسا، مەن چوقۇم مۇشۇ قازاندا سىلەرگە ئوخشىتىپ شورپا سېلىپ بېرەتتىم، — دەپتۇ.



# قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ

بىر كۈنى، بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، مەن كۆپچىلىك ئالدىدا ناخشا ئېيتسام، تەمتىرەپ كېتىپ پەقەت ياخشى ئېيتالمايمەن، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندى، — ناخشا ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا ئىككى قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ، ئۆزىڭىز ئېيتقان ناخشىنى ئۆزىڭىز ئاڭلىمىسىڭىزلا تەمتىرىمەيسىز.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ

ئەپەندىنىڭ بىغىدىكى ئۆرۈك پىشىشىغا، ئەپەندىنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى ئىككى كۈندە بىر كېلىپ ئۆرۈك يەپ كېتىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇلار يەنە كەپتۇ. ئۇلار ئۆرۈكنى تويغۇچە يېگەندىن كېيىن، ئەپەندىگە: «ئەپەندى، بىغىڭىزنىڭ ئۆرۈ-كى بەك ئوخشاپتۇ» دەپ قويۇپلا كېتىپ قاپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە كەپتۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، بىغىڭىزنىڭ ئۆرۈكى بەك تاتلىقكەن، بىز يەنە بىر قېتىم يەۋالساق، — دەپتۇ.

— ياخشى گەپ، قېنى مەرھەمەت! — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا باغدىن بىرنەچچە تال ئۇرۇقچىنى تېرىپ چىقىپتۇ ھەم ھەربىرىنىڭ ئاغزىغا بىردىن ئۇرۇقچىنى تىقىپ، — ئەگەر بىزنىڭ باغنىڭ ئۆرۈكى راستتىنلا شۇنداق تاتلىق بولسا، بىزنىڭ باغنىڭ ئۆرۈك كۆچىتى سىلەرنىڭ قورسى-قىڭلارغىلا ئۈنسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرمۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر بىزنىڭ باغقا كېلىپ يۇرمەيدىغان بولى-سىلەر! — دەپتۇ.



# ئارتۇق يېرىنى ھەرىدىۋېتەي

ئەپەندىنىڭ بىر پىخسىق دوستى بار ئىكەن، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تاماق يەيدىكەنۇ، بىرەر قېتىممۇ ئەپەندىنى تاماققا تەكلىپ قىلمايدىكەن.

بىر كۈنى، ئەپەندى ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، تاماق ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. پىخسىق دوستى ئامالسىزلىقتىن ئىككى قاچا ئاش ئەكېلىپ، بىر قاچىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىر قاچىنى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىراق ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويغان قاچىدا ئاران يېرىم قاچا ئاش بار ئىكەن. ئەپەندى ناخۇش ھالدا:

— ئۆيىڭىزدە ھەرە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، ھەرىنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ دوستى ئەجەبلىنىپ.

— بۇ قاچىنىڭ ئارتۇق يېرىنى ھەرىدىۋېتەي دەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئارقامدىكى ئادەمدىن سوراڭ

ئەپەندى مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋېتىپ، پەرىجىسى سەل قىسقا بولغاچقا، ئالدىغا ئېگىلىپ سەجدە قىلغاندا، دۈمبىسى ئېچىلىپ قاپتۇ. ئەپەندىنىڭ ئارقىدا ئولتۇرغان كىشى بۇنى بىئەپ ھېس قىلىپ، ئەپەندىنىڭ پەرىجىسىنى پەسكە تارتىپ قويۇپتۇ.

ئەپەندىمۇ دەرھال ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ پەرىجە-سىنى تارتىپتۇ.

— نېمە بولدى، ئەپەندى؟ — دەپ سوراپتۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەم.

— مەندىن سورىماي ئارقامدىكى ئادەمدىن سوراڭ، ئا-شۇ ئادەم ئاۋۋال مېنى تارتقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىرى كانىيىنى كۆيدۇرۇۋالغان چاغدا

ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بىر سودىگەر دوستى كەپتۇ، ئەپەندى دوستىنىڭ ئالدىغا يېڭىلا قازاندىن ئۇسقان چۆچۈرىنى قويۇپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ تاقىلداپ كەتكەن دوستى بىر قىزىق چۆچۈرىنى ئېلىپلا ئاغزىغا ساپتىكەن، ئاغزى كۆيۈپ تۈكۈرۈپ تاشلىغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، تورۇسقا قارىۋاپتۇ. بىر هازادىن كېيىن:

— ئۆيىڭىزنىڭ تورۇسىنى قاچان رېمونت قىلدۇردىڭىز؟ — دەپتۇ.

— بىرى كانىيىنى كۆيدۇرۇۋالغان چاغدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى دەرھال.



# خىجىللىقىمدىن يەيمەن

بىر كۈنى، ئەپەندى بىر ئاغىنىسى بىلەن بىللە پولۇ ئېتىپ يېمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى ئاغىنىسى ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، سەۋزە توغراشنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا سەۋزە ۋە پىياز ئاقلاشنىچۇ؟

— بىلمەيمەن.

— پولۇ دۇملەشنىغۇ بىلەرسىز؟

— ئۇنىمۇ بىلمەيمەن.

ئاغىنىسى ئامالسىز پولۇنى ئۆزى پىشۇرۇپ، ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ - دە:

— ئەپەندى، پولۇ يېيىشنىغۇ بىلەرسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەسلىدە پولۇ يېيىشنىمۇ بىلمەيتتىم، بىراق سىز پولۇنى بەك جاپادا ئەتسىڭىز، يېمەسلىكتىن خىجىل بولدۇم، — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا، پولۇنى كاپاملاپ - كاپاملاپ يېيىشكە باشلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# يوغان بېلىقتىن بىرنى تۇتۇۋالدىم

پادىشاھ ھەرقايسى جايلارغا مەخپىي نازارەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، قازى بولۇشقا لايىق كەمتەر ئادەمدىن بىرنى تاللاپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەپەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا بېلىق تورىدىن بىرنى ئۈچىسىغا ئارتىپ دېڭىز بويىدا تۇرۇپتۇ.

مەخپىي نازارەتچىلەر ئۇنى كۆرۈپ:

— سىز نېمىشقا بېلىق تورىنى ئۈچىڭىزغا ئارتىۋالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇرۇن بېلىقچى ئىدىم، شۇڭا دائىم ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى نامرات ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەپ تۇرىمەن.

ئۇنىڭ سەمىمىي ھەم كەمتەرلىكى نازارەتچىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئەپەندى پادىشاھ تەرىپىدىن قازىلىققا تەيىنلىنىپتۇ. ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نازارەتچىلەر ئەپەندىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— قازى ئەپەندى، ھېلىقى كونا بېلىق تورىڭىز يەنە بارمۇ؟



— ئەمدى تورنىڭ نېمە كېرىكى، ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يوغان بېلىقتىن بىرنى تۇتۇپ بولدۇم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

# شەھەرگە كىرىدىغان ۋاقتىم يوق

ئەپەندىنىڭ بىر دوستى ئەپەندىدىن شەھەردىكى بىر تۇغقىنىغا خەت يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— مېنىڭ سىزگە بەك يېزىپ بەرگۈم بار ئىدى، بىراق مېنىڭ شەھەرگە كىرىدىغان ۋاقتىم يوق، — دەپتۇ ئەپەندى ئۇنىڭغا.

— ئەپەندى، مەن سىزنى شەھەرگە كىرىڭ دېمىدىم، ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىڭ دەۋاتىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى دوستى چۈشەندۈرۈپ.

— كەچۈرىسىز، دوستۇم، مېنىڭ يازغان خېتىمنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم ئوقۇيالمايدۇ. ئەگەر مەن سىزگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئۆزۈم شەھەرگە كىرىپ ئوقۇپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# قازانغا قىيالماسلىق

ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئۆيلىنىپتۇ، ئەمما ئايرىم قازان ئاسماي، دائىم دادىسىغا تايىنىۋېلىپ بىر يۈك بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى، ئەپەندى بىرقانچە يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوغلى بىلەن ئۆي ئايرىماقچى بوپتۇ. بىراق ئوغلى مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا يىغلاپ تاشلاپتۇ، بىر مېھمان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— بالام، ئاتا - ئاناڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈڭ قىيمايۋاتامدۇ؟ بولدى كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن، ئادەم چوڭ بولغانىكەن ھامان ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ! — دەپتۇ.

— مەن ئاتا - ئانامغا كۆزۈم قىيمىدى ئەمەس، دادامنىڭ قازىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ، — ئوغلى گېپىنى تۈگىتىپلا يەنە يىغلاپ كېتىپتۇ.

— بولدى يىغلىمىغىن، ئاش - نان تاپالىغان يەردە بىرەر قازان تاپالماسلىقتىنمۇ غەم قىلامسەن؟ — دەپتۇ مېھمان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.



— ياق، ئۇ مېنىڭ كۈندە تاماق پىشىپ تۇرىدىغان قازىنىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى ئوغلىنىڭ ئورنىدا.

# يۈرىكىمدە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ

بىر كۈنى، ئەپەندى ئۆيىدە قۇۋۋەتلىك شورپا ئىچىپتىكەن، ئىچى قىزىپ كېتىپ، تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغىلا، ئىشىك ئالدىدىكى يايمىچىلار بىلەن بىر توپ ئادەملەر يولنى توسۇۋاپتۇ. ئەپەندى دەرھال كاللىسىنى ئىشلىتىپ يۈگۈرگەچ، توۋلاپتۇ:

— ھەي، تېز بىر چەتكە ئۆتۈڭلار، چەتكە ئۆتۈڭلار، يۈرىكىمدە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، بىكار سىلەرنىمۇ كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

ئادەملەر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال يولنى بوشىتىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەرمەسنىڭ باھانىسى

ئەپەندىنىڭ قوشنىسى ئەپەندىدىن غەلۋىر سوراپ كىرىپتۇ. ئەپەندى بەرگۈسى كەلمەي:

— جېنىم قوشنام، مەن سىزگە جېنىمنى بېرىپ تۇرساممۇ مەيلىتى، بىراق پەقەت خاپا بولمايسىز، ئۆيدىكىلەر بۈگۈن غەلۋىرگە سۇ ئېلىپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

قوشنىسى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەپەندى، غەلۋىرگىمۇ سۇ ئالغىلى بولامدۇ؟

— ھەي جېنىم قوشنام، ئەگەر بەرمەسلىكنىڭ باھانىسىنى تاپالمىغان چاغدا، ھېلىغۇ غەلۋىرگە سۇ ئېلىپ قويۇشكەن، ئارغامچىغىمۇ ئۇن قاچىلاپ قويغىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# سىز چىداپ تۇرالىسىڭىزلا

ئەپەندى چىش دوختۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ئىنتايىن پىخسىق بىرى كېلىپ سوراپتۇ:

— بىر تال چىشنى قانچە پۇلغا تارتىسىز؟

— ئون يارماققا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پىخسىق.

— بىر ئاش پىشىمدا تۈگەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— بىر ئاش پىشىمدىلا تۈگەيدىغان ئىشقا شۇنچىۋالا كۆپ پۇل ئالامسىز؟ — دەپ نارازى بوپتۇ پىخسىق.

— ئەگەر سىز چىداپ تۇرالىسىڭىزلا، قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# خاتىرىسىنى يوقاتقان بىمار

باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياشكەن دېيىشىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايال ئەپەندىگە كېسەل كۆرسىتىپتۇ. ئەپەندى ئايالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يېشىنى سوراپتۇ. ھېلىقى ئايال دەرھال يالغان گەپتىن بىرنى توقۇپ:

— ئەمدى يىگىرمە بەشكە كىردىم، — دەپتۇ.

ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ، كېسەل قەغەزگە «بۇ خاتىرىسىنى يوقاتقان بىمار» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.



# ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتىمكىن دەپتىمەن

ئۆزىنى شائىر چاغلايدىغان بىر يىگىت، بىرقانچە كۇپ-لېت شېئىرنى ئەكېلىپ ئەپەندىگە كۆرسىتىپتۇ. ئەپەندى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇ شېئىرلارنى ئۆزىڭىز يازدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، ھەربىر مىسرا، ھەربىر سۆزىدىن تارتىپ ئۆزۈم يازدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت قىن - قىنىغا پاتماي.

— ئوھوي، بەك ياخشى يېزىپسىز، سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن، «نەۋائىي» ئەپەندى، مەن تېخى سىزنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى دەپتىكەنمەن، — دەپتۇ ئەپەندى يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چىرايلىق قىياپىتىڭىز

بىر ھاكاۋۇر يىگىت ئەپەندىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، يولسىزلارچە خېرىدارغا ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپتۇ، يەنە تېخى قوپال گەپلەرنى قىلىپ، ئاخىرىدا ھېچنېمە سېتىۋالماستىن چىقىپ كېتىپتۇ.

— ھوي يىگىت، قايتىپ كېلىڭ، سىز بىر نېمىڭىزنى چۈشۈرۈپ قويدىڭىز، — ئەپەندى ئاچچىقلانغان ھالدا يىگىتنى چاقىرىپتۇ.

ھېلىقى يىگىت يۈگۈرگىنىچە قايتىپ كېلىپ سوراپتۇ:

— نېمەمنى؟

— چىرايلىق قىياپىتىڭىزنى، يەنە باشقا يەرگە بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ يۈرمەڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# نەدە خىزمەت بولسا شۇ يەرگە

پادىشاھ ئەپەندىنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى، ئەپەندى تام تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرسا قوشنىسى چىقىپ:

— ئەپەندى، سىز ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە كىرىشنى خالامسىز ياكى دوزاخقىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي جېنىم قوشنام، — دەپتۇ ئەپەندى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — قەيەردە خىزمەت بولسا شۇ يەرگە بارىمەن.



# ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئويۇپ قويسام كۈلمەيسىز

ئىنتايىن كۈلگۈنچەك بىر ئادەم ئەپەندىنى ئىزدەپ كەپتۇ.

— ئەپەندى، مەن سەللا قىزىقارلىق ئىشنى ئاڭلاپ قالسام ياكى كۆرۈپ قالسام، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماستىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىمەن، خېلى ئۇزۇنغىچە كۈلكەمنى توختىتالمايمەن، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟ مانا قاراڭ، سىزنى كۆرسەممۇ شۇ، — ئۇ گېپىنى توختىتىپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەمدە خېلىغىچە كۈلكىسىنى توختىتالماپتۇ. ئەپەندى بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، بېلىدىكى پىچىقىنى چىقىرىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىتىپ پۇلاڭلىتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم قورقىنىدىن دەرھال كۈلكىسىنى توختىتىپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم ئەپەندىدىن.



— ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئويۇپ قويسام سىزنى كۈلكىدىن توختاتقىلى بولىدۇ، مانا قاراڭ، ھازىر سىز كۈلمىدىڭىز! — دەپتۇ ئەپەندى.

# ئاۋۋال كۆزىڭىزنى داۋالايلى

ئاچ كۆز بىر ئادەم ئەپەندىنىڭ قېشىغا كېلىپ كېسەل كۆرسىتىپتۇ.

— ئەپەندى، قورسىقىم بەكلا ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— تۇنۇگۇن نېمە يېگەنتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— ئازراق غورا يېگەن، يەنە بۇزۇلۇپ قالاي دېگەن قېتىق ئىچكەنىدىم، — دەپتۇ ئاغرىق ئادەم.

— ئۇنداقتا ئاۋۋال كۆزىڭىزنى داۋالايلى، سىزگە ئازراق كۆز دورىسى يېزىپ بېرەي.

— نېمىشقا؟ كۆزۈمنىڭ كېسىلى بولمىسا؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— بۇنىڭدىن كېيىن يېگەن نەرسىڭىزگە ئوبدانراق قارىشىڭىز ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتۈن تور ئادرېسى

# قەرز سۆيلىگەندە

بىر ئادەم ئەپەندىدىن پۇل قەرز سوراپتۇ، ئەپەندى پۇلنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەيدىسىگە كۆچەپ تۇرۇپ بىر سېلىپ، قەرز ئالغۇچىنى ئوڭدىسىغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھەيران بولۇپ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— ياخشى، ئىنتايىن ياخشى! قارىغاندا، مەن سىزدىن قەرزنى سۆيلىگەندە سىزنىڭ مەن بىلەن مۇشتلاشقۇدەك كۈچىڭىز يوقكەن، — دەپتۇ ئەپەندى خۇشال ھالدا قەرز ئالغۇچىغا.



# راست گەپنىڭ قىممىتى

بىرى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، دۇنيادا نېمىنىڭ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى؟

— راست گەپنىڭ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— راست گەپنى ئۆلچەيدىغان تارازا بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم يەنە.

— راست گەپنى ئۆلچەيدىغان تارازا سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# ئېتىم يادىمغا كېلىپ قالدى

ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ناخشا ئېيتىشقا بەك ئامراق ئىكەن.

بىر ناخشىچى ئەپەندىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئەپەندى، سىز ناخشا ئېيتسىڭىزلا، پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىدىكەن، بولدى ئەمدى ئېيتماڭ، ناخشىنى ئېيتالىغان ئادەم ئېيتسۇن، — ئۇ گېپىنى توگىتىپلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ناخشىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئەپەندى خۇددى كىچىك بالىدەكلا ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ناخشىچى ناخشىسىنى توختىتىپ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— مۇڭلۇق ئاۋازىم سىزنى تەسىرلەندۈرگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، ئۆلۈپ كەتكەن ئېتىم يادىمغا كېلىپ قالدى، ئۇ ھەركۈنى كەچتە توختىماي قاۋايتتى، ئۇنىڭ قاۋىغان ئاۋازى بەئەينى سىزنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازىڭىزغىلا ئوخشايدىكەن، ئۇنى ئويلاپ ئازابلانغىنىمدىن يىغلاپ كەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.



# غەلىتە چۈش

بىرەيلەن ئەپەندىگە ئۆزىنىڭ چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— ئەپەندى، مەن بۈگۈن ئاجايىپ غەلىتە بىرچۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر چاشقان ھەدەپ ئۆتۈكۈمنى غاجاۋاتقۇدەك، سىزنىڭچە بۇ چۈشۈم غەلىتىمىكەن؟

— بۇ چۈشنىڭ نېمىسى غەلىتە بولسۇن، ئەگەر ئۆتۈكىڭىز چاشقاننىڭ ئاغزىنى غاجىغان بولسىتى، ئاندىن غەلىتە چۈش كۆرگەن بولاتتىڭىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن

ئەپەندى قازى مەھكىمىسىگە ئىش بېجىرگىلى بارغانكەن، مەھكىمىدىكىلەر ئەپەندىنىڭ خۇرجۇنىنى تىقىۋاپتۇ. ئەپەندى قازىغا:

— قازى بېگىم، ئەڭ ياخشىسى خۇرجۇنۇمنى تېپىپ بېرىڭ، بولمىسا قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن جۇمۇ! — دەپتۇ.

ئەپەندىنىڭ راستتىنلا مەھكىمىنى مالىمان قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن قازى، ئەپەندىنىڭ خۇرجۇنىنى تاپقۇزۇپ بېرىپتۇ.

— ئەپەندى، ئەگەر خۇرجۇنىڭىز تېپىلمىغان بولسا، قولىڭىزدىن نېمە كېلەتتى؟

— تېپىلمىغان بولسا، قولۇمدىن نېمە كېلەتتى، ئۆيگە بېرىپ ئەسكى پالاستىن يەنە بىر خۇرجۇن تىكىش كېلەتتى شۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# غەيۋەت ـ شىكايەتتىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ؟

بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، قانداق قىلغاندا غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟

— ئەگەر سىز غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ساقلانماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ئاۋۋال غەيۋەت ـ شىكايەتكە ئامراق قۇلىقىڭىزنى كېسىۋېتىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# تىلىمنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قويۇڭ

بىر كۈنى، ئەپەندى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا ئاپتاپ-سىنىپ ئولتۇرسا، يۈزبېشى ئەپەندىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزبېشىغا سالام قىپتۇ ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن:

— ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ، ئارام ئېلىپ ماڭمامسىز؟ — دەپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن، ئەپەندىنىڭ تەكەللۇپ سۆزىنى ئاڭلىغان يۈزبېشى ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى باغلايدىغان قوزۇق تاپالماي، ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئېتىمنى نەگە باغلايمەن؟

— ئۆيگە كىرىڭ دېگەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا باغلاڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم دەرھال.



# ئادىل ئېشەك

بىر كۈنى ئەپەندى ئۆزىنىڭ يىتۈپ كەتكەن ئېشىكىنى ئىزدەپ يۈرسە، بىر دوستى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندى، ئاڭلىسام ئېشىكىڭىز ئوردىدا ئەمەلدار بوپتۇ دەيدۇ، — دەپتۇ.

— راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا، خۇداغا شۈكرى، مېنىڭ ئۇ ئېشىكىم بەكلا ئادىل ئېشەك، ئىككى كۈنگە قالماي ئەمىلىدىن چۈشۈپ، قېشىمغا قايتىپ كېلىدىكەن-دە، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تىلىمنى چىشىمغا باغلاپ قويدۇم

بىر توپ ئادەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا، ئارىدىن بىرى تولا ۋالاقشىپ زادى توختىماپتۇ. ياندا تۇرغان بىر ئادەم پەقەت چىداپ تۇرالماي قېشىدىكى ئەپەندىنى نوقۇپ:

— ئەپەندى، ئەجەبا سىزنىڭ تىلىڭىزنى ئىت چىشلىۋالدىمۇ، نېمانداق ئەتىگەننىڭياقى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرىسىز؟ — دەپتۇ.

— يوقسۇ، تىلىمنى ئىت چىشلىۋالمىدى، خەقلەر مېنى توختىماي ۋالاقشىيدۇ دەۋەرگەچكە، تىلىمنى چىشىمغا باغلاپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



## ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا

بىر نەپسخور ئادەم ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، دانا ئادەمسىز، ئېيتىپ بېرىڭا، ئادەم قانداق ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالىدۇ؟

— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## مەخپىيەتلىك

بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز كىمنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىسىز؟

— مېنىڭ كاللام خەقلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاچىلاي-دىغان ئامبار بولمىسا، مەن قانداق بىلەي؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ھۇرۇن ئەپەندى

ئەپەندى ئىنتايىن ھۇرۇن بولۇپ، كۈنلەپ كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتىدىكەن. خوتۇنى تىرىكىپ:

— ئەپەندى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئازراق ھەرىكەت قىلغاچ بېرىپ چىراغنى يېقىۋېتىڭ، — دەپتۇ.

— تېخى قاراڭغۇ چۈشمىسە، نېمىگە ئالدىرايتتىڭ؟ — دەپتۇ ئەپەندى.

بىر ئازدىن كېيىن خوتۇنى يەنە:

— تالادا يامغۇر ياغىدىمىكىن، چىقىپ قاراپ بېقىڭە! — دەپتۇ.

— مۈشۈك قايتىپ كىرسە، تۈكىنى سىيلاپ باقساڭلا يامغۇر ياغقان - ياغمىغانلىقىنى بىلەلەيسەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇنىنىڭ ئىمانى بەش گەز ئۆرلەپتۇ - دە، ۋارقىراپ:

— ئەپەندى، بېرىپ ئىشىكنى يېپىۋېتىڭ! — دەپتۇ.

— مەن سېنىڭ ئىككى بۇيرۇقۇڭنى ئورۇندىدىم، ئۈچىنچىسىنى ئۆزۈڭ ئورۇندا، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەگەر ئوغرىلىق قىلمىساڭ

قولى ئەگرى بىر ئادەم ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، قۇياش ياخشىمۇ ياكى ئاي ياخشىمۇ؟

— ئەلۋەتتە قۇياش ياخشى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا ئايچۇ؟

— ئەگەر ئوغرىلىق قىلمىساڭ، ئايمۇ ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.





# ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ

ناھايىتى كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن بىر ئادەم ئەپەندىگە:

— مەن گەدىنىمگە بىرمۇنچە قەرزنى ئارتىپ ئۆلۈپ كەتكۈم يوق، ئاللا ئۆمرۈمنى ئۇزۇنراق قىلسا، قەرزلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بولسام بولاتتى، — دەپ ھال ئېيتىپتۇ.

— ئازابلانماڭ، قەرزلىرىڭىزنى تۆلەپ بولغۇچە ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ جېنىڭىزنى ئالىدىغانغا قۇربىتى يەتمەيدۇ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن

ئەپەندى بىر ئاغىنىسىگە:

— سىز كۆڭلىڭىزدە نېمە ئويلىغان بولسىڭىز مەن شۇنى تېپىۋالىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا تېپىپ بېقىڭە، مەن هازىر نېمە ئويلاۋاتىمەن؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— سىز ئەپەندى چوقۇم كۆڭلۈمدىكىنى تاپالمايدۇ دەپ ئويلاۋاتىسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# جەننەتمۇ تايىنلىقكەن

ئەپەندى بىر پىخسىق بايغا ياللىنىپ ئىشلەپتۇ. تاماق ۋاقتى بولغاندا، باي ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي بىلەن قېتىپ كەتكەن بىر زاغرىنى قويۇپ:

— ئەپەندى، قېنى ئېلىڭ، بۇ زاغرا نان جەننەتتىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا جەننەتمۇ تايىنلىقكەن، كېيىن ھەرگىز جەننەتكە كىرمەڭ، بولمىسا ئاشقازىنىڭىزنى بۇزۇۋالىسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئادەم نېمىشقا ئەسنەيدۇ؟

ئەپەندى بىر سورۇنغا مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ. مېھمانلار ئەپەندىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، تاغدىن - باغدىن سوئال سوراپ كۆڭلىنى كەچ قىپتۇ. بىراق ھېچكىم ئەپەندىنىڭ ئالدىغا يا بىر پىيالە چاي، يا بىر پارچە نان قويماپتۇ. بىرى يەنە ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، ئادەم نېمىشقا ئەسنەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى بۇ سوئالنى ئاڭلاپ شۇ زامات جانلىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئەتەي بىرنى ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن، جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەسنەشنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئاچ قورساقلىقتىن، يەنە بىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن، — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا يەنە بىرنى ئەسنەپتۇ - دە، ئۇلاپلا، — ئىشقىلىپ مېنىڭ ئەسنىشىمنىڭ سەۋەبى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئەمەس، — دەپتۇ.



# سۇغا غەرق بولىمىز

بىرى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئادەملەر بىرلا تەرەپكە ماڭماي، نېمىشقا هەر تەرەپكە ماڭىدۇ؟

— چۈنكى دۇنيا دېگەن ئىككى تەرەپكە لىڭشىپ تۇرغان بىر چوڭ قېيىق، ئەگەر ئادەملەر هەر تەرەپكە ماڭماي، بىرلا تەرەپكە ماڭسا، قېيىق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ ـ دە، هەممىمىز سۇغا غەرق بولىمىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قايىسى سازنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇقكەن؟

ئەپەندى سازچى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەن. ئاغىنىسى ئەپەندىگە سازلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال دۇتارنى ئېلىپ ئەپەندىگە بىر هازا چېلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا تەمبۇرنى ئېلىپ چېلىشقا باشلاپتۇ، ئاندىن راۋاپنى شۇنداق قىلىپ تاكى كەچ بولغۇچە، ئەپەندىگە يەيدىغان بىرەر نەرسىمۇ بەرمەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئەپەندى ئايلىنىپ قالغىلى تاس قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ئاغىنىسى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، بۇ سازلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىڭىز، سىزنىڭچە قايىسى سازنىڭ ئاۋازى ئەڭ مۇڭلۇقكەن؟

— هازىر ماڭا، قازان ـ قومۇشنىڭ تەڭكەش قىلغان ئاۋازى ھەرقانداق سازنىڭ ئاۋازىدىنمۇ مۇڭلۇق تۇيۇلىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# قېچىر خالىغان يەرگە

ئەپەندىنىڭ ياۋاش، مۇلايىم ئېشىكى ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن ئەپەندى بازاردىن بىر قېچىر سېتىۋاپتۇ. ئەمما بۇ تېخى كۆندۈرۈلمىگەن قېچىر بولغاچقا ئىنتايىن شاش ئىكەن. ئەپەندى قېچىرنى كۆندۈرمەكچى بولۇپ ئۈستىگە مىنىپتىكەن، ئۇ چىچاڭشىغان پېتى ئالدىغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە چېپىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن:

— هوي ئەپەندى، قېچىرنى بۇنچىۋالا چاپتۇرۇپ نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي ئاغىنە، قېچىر خالىغان يەرگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# بىرلا نەرسە كەملىك قىلدى

شەھەردىكى بىر تەييارتاپ ئادەم ئەپەندىگە:

— جۇمە كۈنى، ئاغىنىلەر بىلەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە مېھمان بولغىلى بارماقچىمىز، تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندى دەرھال قوشۇلۇپتۇ.

جۇمە كۈنى ھېلىقى ئادەم بىر توپ ئادەمنى باشلاپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئەپەندى ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپتۇ. بىراق ئۆيدە داستىخان سېلىنمىغانىكەن. بىرئازدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ئەپەندىنى سىرتقا چاقىرىپ:

— ئەپەندى، قورسىقىم ئېچىپ دۇمبەمگە چاپلىشىپ قالايلا دېدى، تېزرەك قولىمىزغا سۇ بېرىپ، تاماقنى تارتــمامسىز! — دەپتۇ.



— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق بىرلا نەرسە كەم بولۇپ قالدى، — دەپتۇ ئەپەندى.

— نېمە نەرسە كەم بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— پۇل، — دەپتۇ ئەپەندى ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

# جەننەت بىلەن دوزاخ توشقۇچە

ئەپەندىدىن بىرى سوراپتۇ:
— ئەپەندى، ئادەملەر قاچانغىچە تۇغۇلۇپ ئۆلۈۋېرىدۇ؟
— جەننەت بىلەن دوزاخ توشقۇچە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە

ئەپەندى ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ، بازارغا بې-رىپتۇ ـ دە:

— خالايىق ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، مەن ئېشىكىمنى يو-قاتتىم، ئەگەر كىمدەكىم تېپىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرسە، مەن ئۇنىڭغا بىر ئېشەك مۇكاپات بېرىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئادەملەر ھەيران بولۇپ سو-راپتۇ:

— ئەپەندى، بىر ئېشەكنى تېپىش ئۈچۈن، يەنە بىر ئېشەك سۆيۈنچە بەرسىڭىز، ئۆزىڭىزگە نېمە قالىدۇ؟

— نېمە قالاتتى، ئېشەكنى تاپقىنىم قالىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قانداق ياتسا ئوبدان ئۇخلىغىلى بولىدۇ؟

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئادەم قانداق ياتسا ئوبدان ئۇخلايدۇ؟

— قانداق يېتىش ئەپلىك بولسا، شۇنداق ياتسىڭىز بولمىدىمۇ! — دەپتۇ ئەپەندى.

— مەن قانداقلا ياتساممۇ ئۇخلىيالمايدىكەنمەن! — دەپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى.

— ئەمىسە سەۋر قىلىڭ، گۆرگە كىرگەندە تازا ئوبدان ئۇخلايسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئەتىيازنى ئېلىپ قېلىش

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى دەپتۇ:

— ئەپەندى، مېنىڭ قاملاشمىغان بىر مىجەزىم بار، قىش بولسا سوغۇققا، ياز بولسا ئىسسىققا چىدىمايمەن، زادى قانداق قىلسام بولار؟

ئەپەندى بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئەخمەق، پۇلنى جىقراق خەجلەپ ئەتىيازنى ئېلىپ قېلىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا ئەتىيازنى يې-نىڭدىن ئايرىمىساڭ بولمىدىمۇ!





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇخلاۋاتىمەن

بىر كۈنى ئەپەندى ئاغىنىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، بىر مېھمانخانىدا بىللە قونۇپ قاپتۇ.

يېرىم كېچىدە ئاغىنىسى ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، نېمە گەپ؟

— سىزدىن ئازراق پۇل قەرز سوراي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

ئەپەندى دەررۇ خورەك تارتىپ:

— مەن ئۇخلاۋاتىمەن! — دەپتۇ.



# ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭىز

ئەپەندى بىر دەۋادا ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپتۇ. قازى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىپ بولۇشىغا، قولىدىكى قەلىمى ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— قازى بېگىم، گۈرجىكىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.

— ھەي ئەخمەق، گۈرجەك بىلەن قەلەمنىمۇ ئايرىيالمامسىز؟ — دەپتۇ قازى.

— مەن ئۇنىڭ قەلەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، بىراق سىز ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭىز!



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق ئادرېسى

# ئۇيقۇم قاتتىق

ئەپەندى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىدە، بىر سودىگەر ئۇنىڭغا ئون يارماق بېرىپ:

— ئەپەندى، مەن يىراققا سەپەرگە چىقماقچىدىم، سەپىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ھەر كۈنكى بەش ۋاخ نامىزىڭىزدا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئون يارماقنىڭ تۆت يارمىقىنى سودىگەرگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ-دە:

— تەقسىر، كەچۈرسىلە، ئۇيقۇغا ئامراق ئادەممەن، ھەركۈنى سەھەردە بامداتقا ئۈلگۈرەلمەيمەن، يەنە كېلىپ خۇپتەنگىچە يېتىپ قالىمەن، ئىككى ۋاخ نامازدىكى دۇئانىڭ پۇلىنى ئۆزلىرى ئالسىلا، — دەپتۇ.

